دۆلەت مەمۇرلىقىغا قوبۇل قىلىش تەقلىدىي ئىمتىھان مەيدانى

# ئاممىۋى ئاساسىي بىلىملەر

## (پايدىلىنىش ماتېرىيالى)

دۆلەت مەمۇرلىرى ئىمتىھانى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن
نۇقتىلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

دۆلەت مەمۇرلۇقىغا قوبۇل قىلىش تەقلىدىي ئىمتىھان مەيدانى

# ئاممىۋى ئاساسىي بىلىملەر

## (پايدىلىنىش ماتېرىيالى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئازادجان نىزامىدىن

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

本书根据中国人事出版社 2006 年 1 月第 6 版，第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو كادىرلار نەشرىياتىنىڭ 2006 - يىلى 1 - ئاي 6 - نەشرى، 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورى: يۇلتۇز ئۇچقۇن

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەد قۇربانىنىياز

دۆلەت مەمۇرلۇقىغا قوبۇل قىلىش تەقلىدىي ئىمتىھان مەيدانى

# ئاممۋى ئاساسىي بىلىملەر (1)

(پايدىلىنىش ماتېرىيالى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئازادجان نىزامىدىن

*　　*　　*

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورو. پوچتا نومۇرى:830001)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ ئالتۇن يارۇق مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى باستى

1092×787 مىللىمېتىر، 16 فورمات، 34.25 باسما تاۋاق

2007 - يىلى 4 - ئاي 2 - نەشرى، 2007 - يىلى 4 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى

ISBN 978-7-5372-4254-7

تىراژى: 5050 — 1

ئىككى كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى: 48.50 يۈەن

(بېسىشتا، تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2835907 - 0991)

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

ئىمتىھان ئېلىپ خىزمەتكە قويۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 1980 - يىلى يولداش دېڭ شىياۋپىڭ «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى» مۇھىم نۇتقىدا: نامۇۋاپىق بولغان تەشكىلىي تۈزۈمنى. كادىرلار تۈزۈمىنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش، مۇنەۋۋەر كەسىپ ئەھلىلىرىنى كۆپ مىقداردا تەربىيىلەش، بايقاش ۋە پەۋقۇلئاددە ئورۇنغا قويۇش. بولۇپمۇ مۇكەممەل كادىرلارنى تاللاش، ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش. تەكشۈرۈش، پاش قىلىش، نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىش كېرەك دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى نۇرغۇن خىزمەت. ئۇنۋانلارنى ئىمتىھان ئېلىپ لاياقەتلىك بولغانلىرىنى ئىشلىتىش ياكى خىزمەتكە قويۇش كېرەك دەپ تەكىتلىگەن. بۇ بىر مۇھىم كۆرسەتمە بولۇپ، كادىرلار ئىشلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئېنىق نىشانىنى بەلگىلەپ. ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە يولغا قويۇشنى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

1982 - يىلى ئەسلىدىكى ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىقى «كادىرلارنى ئىشلىتىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. شۇ قېتىمدا «ئىمتىھان ئېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش» نىڭ بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ. دۆلەت ئورگانلىرى. كارخانىلىرى، ئىشسىز ئورۇنلارنىڭ «ئوچۇق - ئاشكارا قوبۇل قىلىس. ئۆزلۈكىدىن تىزىملىتىش. ئەخلاقىي. ئەقلىي. جىسمانىي جەھەتلەردىن تولۇق سىناش. بەسلەشتۈرۈپ ئىمتىھان ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىش» چارىسى بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىمتىھان ئېلىش كادىرلارنى تاللاش تەرتىپى ئىچىگە كىردى. 1987 - يىلى پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيى دۆلەت مەمۇرلىرى ئىمتىھانى تۈزۈمىنى قارار قىلىپ، تاللاپ ئىشلىتىش جەھەتتە ئېنىقلىق دەرىجىسى، ئېچىۋېتىش دەرىجىسى ۋە ئاممىنى قاتناشتۇرۇش دەرىجىسىنى كۈچەيتىش، رىقابەت تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈپ، چوڭ كۆلەملىك دائىرە ئىچىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئايرىپ چىقىرىش ۋە ئىشلىتىش ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىمتىھان ئېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىدە بىر تارىخىي ئاچقۇچ بولۇپ قالدى. 1988 - يىلى 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەمۇرلارنى ئىشلىتىشتە ئىمتىھان ئېلىپ تاللاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك دەپ ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىلدى. 1989 - يىلى كادىرلار مىنىستىرلىقى تەپتىش ئورۇنلىرى، مۇپەتتىش مەھكىمىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، قۇرۇلۇش سايمانلىرى ئىدارىسى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇننى مەمۇرلارنى ئىمتىھان ئېلىپ ئىشلىتىش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەپ، 156 ئادەم قوبۇل قىلىشنى پىلانلاپ، سالاھىيىتىنى تەكشۈرتۈپ تىزىملاتقان 1334 ئادەم ئىچىدىن 144 ئادەمنى قوبۇل قىلدى. سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ج خ مىنىستىرلىقى،

كادىرلار مىنىستىرلىقى 1989 - يىلى 1 - ئايدا «دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تولۇقلاپ قوبۇل قىلىنىدىغان خادىملاردىن ئىمتىھان ئېلىش چارىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئېلان قىلدى. 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، گوۋۇيۈەن «دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلدى.

1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، گوۋۇيۈەن «دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»نى ئېلان قىلدى. ۋاقىتلىق نىزامنامىسىگە ئاساسەن كادىرلار مىنىستىرلىقى 1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلىپ، دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىشلىتىشتە ئادىل بولۇش، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرىنى تاللاش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ئىمتىھان ئېلىش ۋە تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ، دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇن يىلدىن ئارتۇق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىمتىھان ئېلىپ خىزمەتكە قويۇش تۈزۈمى قانۇنلىشىش، قېلىپلىشىش ۋە ئىلمىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، كادىرلار مىنىستىرلىقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، كادىرلار مىنىستىرلىقى دۆلەتلىك مەركىزىي مەمۇرىي ئورگانلارنى مەمۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. مۇشۇ قېتىملىق ئىمتىھان ئېلىشقا گوۋۇيۈەن بەنگۆڭتىڭى، سابىق دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى، كادىرلار مىنىستىرلىقى، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقى قاتارلىق 30 ئورۇن قاتنىشىپ، 490 ئادەم ئېلىشنى قارار قىلدى. 10000 دىن ئارتۇق ئادەم بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننى سىرۇشتۇرۇپ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن «ئون مىڭ كىشىلىك مەمۇرلار جىددىي ئىمتىھانى» دەپ ئاتالدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھان ئېلىشقا چاقىرىق قىلىش جەمئىيەتتىكى بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. بۇ دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. مەركەز، دۆلەتلىك مەمۇرىي ئورگانلار ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشى بىلەنلا، 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى لىياۋنىڭ ئۆلكىسى باشلامچىلىق بىلەن ئۆلكە دەرىجىلىك ئورگانلاردا مەمۇرلار ئىمتىھانىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ، تىزىملاتقان 5257 ئادەم ئىچىدىن 262 ئادەمنى ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمتىھانغا ئورۇنلاشتۇرۇش شەكلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇملاشتى. ئىمتىھانغا چاقىرىش جەريانىدا نۇرغۇن جايلاردا ئورۇن ۋە سالاھىيەت تاللاش قاتارلىق چەكلىمىلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش ئېقىمى شەكىللەندى. 1994 - يىلدىن بېرى مەركەز دۆلەتلىك مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ۋېرتىكال باشقۇرۇش سىستېمىلىرى ئۇدا توققۇز قېتىم جەمئىيەتكە قارىتا ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرۇپ، 23 مىڭ مەمۇرنى ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا ئون يىلدىن بېرى پۈتۈن مەملىكەتتە دېھقانلاردىن قوبۇل قىلىنغان مەمۇرلار 5000 ئادەمگە، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان ئورۇنلاردىن قوبۇل قىلىنغان مەمۇرلار 40 مىڭ ئادەمگە، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن قوبۇل قىلىنغان مەمۇرلار ئون

مىلىڭ ئادەمگە يەتتى.

ئىمتىھان ئېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ بۆسۈش ئېغىزى، مەمۇرلار تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ بايرىقىدىن ئىبارەت. ھەرقايسى ئورۇنلار مەمۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇش، ئادىل بولۇش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلىرىنى تاللاش. سالاھىيىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، ئورۇن چەكلىمىسى بولماسلىق، ئىختىساسلىقلارنى تاللىغاندا بىرخىل ئۆلچەمگىلا ئېسىلىۋالماسلىق، ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى، سالاھىيەت شەرتى، ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئوچۇق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. كىشىلەر «بەشنى ئېچىۋېتىش»نى ئوبرازلاشتۇرۇپ «ئەينەك ئۆي ئىچىدىكى رىقابەت» دەپ ئاتىدى. «ئىمتىھان بېرىپ ئورۇنلىشىش» جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تونۇشى بولۇپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، چەكسىز ھاياتىي كۈچىنى ئىپادىلىدى. ئىمتىھان ئېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئورگانلارنىڭ ئادەم تاللاش نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىر تۈركۈم ساپاسى ياخشى، ياش، ئوقۇش تارىخى يۇقىرى بولغان مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى نامايان قىلىپ، ئورگانلارنى «يېڭى قان» بىلەن تەمىنلەپ يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى، بەزى رايون ۋە ئورۇنلارنىڭ مەمۇرلارنى ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئادەم ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى 98% كە يەتكەن. بۇ خىل روھلۇق ھالدا يۇقىرى ئۆرلەش مېخانىزمىنىڭ قۇرۇلۇشى كەڭ ياشلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىشقا، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە بىرخىل ئىختىساسلىقلارنى قەدىرلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى سۆيىدىغان، ئەھمىيەت بېرىدىغان. ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

2005 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى 15 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى 2006 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «مەمۇرلار قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئېنىق قىلىپ، مەمۇرلار ئىمتىھانى يېزىقچە ۋە يۈزتۇرانە ئىمتىھاندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىمتىھان شەكلى ئارقىلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئامىمۋى ئاساسىي بىلىمى، كەسپىي بىلىم ئىقتىدارى ۋە شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئورۇننىڭ تەلىپى بويىچە ئادەتتىكى ساپاسى ۋە قابىلىيىتىنى سىنايدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. مەمۇرلار ئىمتىھانى بىرخىل قابىلىيەت ئىمتىھانى بولۇپ، ئاساسلىقى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش، پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، يېزىقتا ئىپادىلەش. لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش. ئومۇملاشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش، كېلىشتۇرۇش، چۈشىنىش قاتارلىق ئىقتىدارلىرىنى سىنايدۇ. مەمۇرلار ئىمتىھانى يەنە بىرخىل ئۇنىۋېرسال ئىمتىھان بولۇپ، ئۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈش ھەم تەكشۈرۈش، يېزىقچە ئىمتىھان، يۈزتۇرانە ئىمتىھان، سالامەتلىك تەكشۈرتۈش، ئىمتىھان ئېلىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە قابىلىيىتىنى سىنايدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق، ئەمەلىي ئىپادىسى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىدۇ،

مەمۇرلار ئىمتىھانى بىرخىل تاللاش ئىمتىھانىدىن ئىبارەت بولۇپ. كۈچلۈك بولغان رىقابەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇ مۇنەۋۋەرلەر ئىچىدىن مۇنەۋۋەرنى تاللايدۇ.

مەمۇرلار ئىمتىھانى ھەربىر مەمۇر بولۇش ئارزۇسى بار ياشلارنى رىقابەت سەھنىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، كەڭ ياشلارنىڭ مەمۇرلار ئىمتىھانىغا قاتنىشىشى ئۇلۇغ. شەرەپلىك ئىشتۇر. ئىمتىھان جەريانىدا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، يېزىقچە ئىمتىھاننىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرى، مەزمۇنى، جاۋاب بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش؛ ئىككىنچىدىن، «مەمۇرىي كەسپىي قابىلىيىتىنى سىناش» ۋە «بايان ۋە مۇھاكىمە» ئىمتىھان قەغىزىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىمتىھان نۇقتىسى، جاۋاب بېرىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى نىشانلىق ھالدا مەشىق قىلىش؛ ئۈچىنچىدىن. يۈزتۇرانە ئىمتىھان شەكلى، سوئال ئالاھىدىلىكى، سىناق ئامىلى، جاۋاب بېرىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى تەقلىدىي ئورۇنلاپ مەشىق قىلىش لازىم. كەڭ ياشلارنىڭ نىشانلىق، ئۈنۈملۈك ھالدا ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىشى، شۇنداقلا ئىمتىھاندا جىددىيلەشمەي، ئىمتىھاننى غەلىبىلىك بېرىشى ئۈچۈن جۇڭگو كادىرلار نەشرىياتى مەملىكەتلىك مەمۇرلار ئىنىستىتوتى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى. جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس. ئالىملىرىنى تەشكىللەپ، «دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى ماتېرىيالى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ بىر يۈرۈش ماتېرىياللار «ئىجتىمائىي ئاساسىي بىلىملەر ئىمتىھان يېتەكچىسى ۋە تەقلىدىي مەشىقلىرى»، «مەمۇرىي كەسپىي ئىقتىدارىنى سىناش ئىمتىھان يېتەكچىسى ۋە تەقلىدىي مەشىقلىرى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تەقلىدىي ئىمتىھان مەيدانى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش ماتېرىياللار يىللاردىن بۇيانقى مەمۇرلار ئىمتىھانىنىڭ يېزىقچە، يۈز تۇرانە شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، مەزمۇن ئورۇنلاشتۇرۇشى، مۇھىم سىناق نۇقتىسى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، ئىمتىھاننى غەلىبىلىك بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەمۇرلار ئىمتىھانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىمتىھان يۆنىلىشىنى تەتقىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① قاراتمىلىقى: پۈتۈن كىتابتا ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر سوئال شەكلى، ئىمتىھان سوئال مۇھىم نۇقتىسى، تەكرار قىلىش پرىنسىپى. جاۋاب بېرىش ئۇسۇلى، تەقلىدىي ئەمەلىي مەشىق قاتارلىق تەرەپلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

② ئەمەلىيەتچانلىقى: پۈتۈن كىتابنىڭ يازغۇچىلىرى ناھايىتى تەجرىبىلىك، بەزىلىرى ئۇزۇن يىل ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. بەزىلىرى ئۇزۇن يىللىق ئىمتىھان ئۆتكىلىدىن ئۆتكەنلەر بولۇپ، پۈتۈن كىتابنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىيەت بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان. ناھايىتى جانلىق، ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ. كەڭ ياشلار ئوقۇغان ۋاقىتتا راستىنلا ئىمتىھان بېرىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ.

③ سىستېمىلىقلىقى: بۇ بىر يۈرۈش تەكرار ماتېرىياللار ئىمتىھان بېرىش ئالاھىدىلىكىنى توغرا كۆرسىتىپ، يېزىقچە ئىمتىھان شەكلىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىدىن

«ئامموۋى ئاساسىي بىلىملەر»، «مەمۇرىي كەسپىي قابىلىيىتىنى سىناش»، «بايان ۋە مۇھاكىمە»غىچە، يۇزتۇرانە ئىمتىھاننىڭ قۇرۇلمىسىدىن يۇزتۇرانە ئىمتىھان شەكلى، قېلىپلاشتۇرۇلغان يۇزتۇرانە ئىمتىھان ئۇسۇلى. ئىمتىھان ئالغۇچىلارنىڭ نومۇر قويۇشىغىچە، مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشتىن جاۋاب بېرىش ئۇسلۇبىنى تەقلىدىي مەشىق قىلىش قاتارلىقلارغىچە سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان.

④ قوللىنىشچانلىقى: پۈتۈن كىتاب كەڭ ياشلارنىڭ ئۆگىنىش. خىزمەتتىكى ئالدىراشچانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم نۇقتا. مۇھىم ئامىل قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، تۈزۈش شەكلى جەھەتتە كۆرسىتىپ بېرىش، مىساللارنى ئانالىز قىلىش ۋە تەقلىدىي سوئاللارنى تۈزۈش جەھەتتە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىگەچكە، بۇ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئىمتىھانغا يۇقىرى سەۋىيىدە تەييارلىق قىلىشىغا پايدىلىق. بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار بولۇپمۇ يۇزتۇرانە ئىمتىھان قوللانمىسى ياشلارنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ۋە كېيىنكى ئىش ئورنى رىقابىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەمۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى، قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە سېلىش، پاك-دىيانەتلىك، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت قۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

جۇڭگو مەمۇرلار ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ۋاقىت بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، كۆنسېرى مۇكەممەللىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دۆلەت مەمۇرلىرى بولۇش ئالدىدا تورغان ياشلارنىڭ ئىمتىھان رىقابىتى جەريانىدا ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، لاياقەتلىك، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلغۇدەك مەمۇرلاردىن بولۇپ چىقىشىغا چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشمىز.

——تۈزگۈچىدىن

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم سىياسەت يەشمىسى

§1. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «11- بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى (تولۇق تېكىستى) ........ 2
§2. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى جۇڭگونى ئالغا باشلايدۇ ........ 2
§3. ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش جۇڭگو ئىقتىسادىنى تېز ھەم ياخشى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ 3
§4. دېھقانچىلىق بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش نەتىجىسىدە «دۆلەت بېجى» تارىخقا ئايلاندى .. 3
§5. ئاممىۋى سەھىيە رامكىسى قۇرۇپ خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش .. 4
§6. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ... 5

## ئىككىنچى بۆلۈم ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىسى

بىرىنچى باب پەلسەپە ۋە ماركسىزملىق پەلسەپە ........ 18
ئىككىنچى باب ماددا ۋە ئاڭ ........ 27
ئۈچىنچى باب ماددىي دۇنيانىڭ دىئالېكتىكىلىق مەنزىرىسى ........ 37
تۆتىنچى باب ئەمەلىيەت، بىلىش، ھەقىقەت ........ 54
بەشىنچى باب ماتېرىيالىستىك ئىجتىمائىي تارىخ قارىشى ........ 68

## ئۈچىنچى بۆلۈم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىدىن بايان

بىرىنچى باب ھازىرقى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى ........ 92
ئىككىنچى باب سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى .. 101
ئۈچىنچى باب سوتسىيالىزمنىڭ توپ ۋەزىپىسى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى .. 110
تۆتىنچى باب سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ........ 118
بەشىنچى باب سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى ........ 148
ئالتىنچى باب سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي نەزەرىيىلەر ........ 155
يەتتىنچى باب «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ........ 166
§1. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنى ........ 166
§2. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ........ 168

§3. «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تۈپ تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ........ 170

## تۆتىنچى بۆلۈم قانۇن

بىرىنچى باب قانۇنشۇناسلىق ........ 178
ئىككىنچى باب ئاساسىي قانۇن ........ 198
ئۈچىنچى باب مەمۇرىي قانۇن ........ 223
تۆتىنچى باب جىنايى ئىشلار قانۇنى ........ 285
بەشىنچى باب ھەق تەلەپ قانۇنى ........ 314

## بەشىنچى بۆلۈم مەمۇرىي باشقۇرۇش

بىرىنچى باب ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ........ 338
ئىككىنچى باب جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ........ 347
ئۈچىنچى باب دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى ........ 365
تۆتىنچى باب مەمۇرىي رەھبەرلىك ........ 369
بەشىنچى باب مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش، مەمۇرىي نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش ........ 378

## ئالتىنچى بۆلۈم ئالاقە يېزىقچىلىقى ۋە بىر تەرەپ قىلىش

بىرىنچى باب يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى ........ 397
ئىككىنچى باب ئالاقە توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........ 398
ئۈچىنچى باب ئالاقە يېزىقچىلىقىدىكى مۇھىم پرىنسىپلار ........ 404
تۆتىنچى باب دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئالاقىلەرنى يېزىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ........ 408
§1. قائىدىلىك خاراكتېرلىك ئالاقىلەرنى يېزىش ........ 408
§2. قارار، ئۇقتۇرۇش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش، تەستىق جاۋاب، خەۋەرلەندۈرۈشلەرنى يېزىش ........ 410
§3. يوليورۇق سوراش ئىلتىماسى، دوكلات يېزىش ........ 413
§4. ئالاقە، يىغىن خاتىرىسى ........ 417



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# بىرىنچى بۆلۈم    سىياسەت يەشمىسى

## «11 - بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى «تەكلىپ»نىڭ ئومۇمىي يەشمىسى

بۇ بابنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىدىن ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر:

بۇ باب ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تۈزگەن، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 11- بەش يىللىق پىلانى توغرىسىدىكى تەكلىپىنىڭ تولۇق تېكىستى ۋە «11- بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى «تەكلىپ»نىڭ يەشمىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئوبدان ئىگىلەشكە تېگىشلىك ئالتە مۇھىم نۇقتا بار: 1. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش؛ 2. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ئەلالاشتۇرۇش؛ 3- يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ 4. شەھەرلەشتۈرۈشنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 5. رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 6. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش.

**مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلار ھەققىدە تەھلىل**

بۇ بابقا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات پىلانىدىكى مۇھىم نۇقتىلار بولۇپ، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر يۇقىرىدىكى ئالتە نۇقتىدىن سىرت، يەنە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ئوبدان ئېسىدە تۇتۇشى كېرەك:

1) ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىنى قانداق چۈشىنىش؛

2) ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش؛

3) سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش؛

4) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇش؛

5) رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

6) بايلىق تېجەيدىغان، مۇھىتى ياخشى جەمئىيەت قۇرۇش؛

7) تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛

8) پەن- مائارىپقا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك دۆلىتى ئىستراتېگىيىسىنى ئوبدان يولغا قويۇش.

## §1. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «11 - بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى (تولۇق تېكىستى)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى 18 - ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 11 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى
(2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ج ك پ 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان (بۇ «تەكلىپ»نىڭ تولۇق تېكىستى قىسقارتىلدى)

## §2. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى جۇڭگونى ئالغا باشلايدۇ

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن «11 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيە ۋە يېتەكچى فاڭجېن.

1) ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى تارىخىي سەۋەبلەر.

① ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

② ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ تەرەققىيات توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

③ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا ئېلىمىزنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

④ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2) ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

① ئادەمنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلەش. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.

② ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتنى تەكىتلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.

③ ماس ھالدىكى تەرەققىياتنى تەكىتلەش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش بىلەن ماس ھالدىكى تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.

④ سىجىل تەرەققىياتنى تەكىتلەش. نۆۋەتتىكى تەرەققىيات بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.

3) ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرى.

① ئۆگىنىش، تەرەققىياتنى كۆچەيتىش. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا ئىدىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

② تۈزۈلمە ـ مېخانىزملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

③ ھەقىقىي، ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا ئىستىل جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## §3. ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش جۇڭگو ئىقتىسادىنى تېز ھەم ياخشى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ

نۆۋەتتە ماكرولۇق تەڭشەش— تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇقىملىق سىياسىتى بولۇشى كېرەك.

ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە مىكرولۇق تەڭشەشنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ.

## §4. دېھقانچىلىق بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش نەتىجىسىدە «دۆلەت بېجى» تارىخقا ئايلاندى

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئاشۇرۇش كېرەك.

1) دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى تۇرلۇك ئامالالار بىلەن ئاشۇرۇش مۇھىم ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە.

2) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كىرىم كۆپەيتىدىغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق قېزىش كېرەك.

① باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى كېڭەيتىش كېرەك.

② يېشىل يېمەكلىك قاتارلىق ئەلا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

③ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى تىرىشىپ ئېچىش كېرەك.

3) ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرىگە ۋە شەھەر- بازارلارغا تەرتىپلىك يۆتكىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش.

① ناھىيە كۆلەملىك ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

② يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

③ يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى تېخنىكا ـ ئىقتىدار بويىچە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش كېرەك.

④ دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش كېرەك.

4) دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى قوللايدىغان، قوغدايدىغان تۈزۈملەرنى تەدرىجىي تۇرغۇزۇش كېرەك.

① ھازىرقى يېزا ئىگىلىك ياردەم سىياسىتىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

② يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ مۇۋاپىق سەۋىيىسىنى ساقلاش كېرەك.

③ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ۋە بازار باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

④ مۇقىم ئاشىدىغان، يېزا ئىگىلىكىنى قوللايدىغان مەبلەغ يولىنى ئېچىش كېرەك.

5) نامراتلارنى يۆلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك.

① نامرات رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، كىرىمىنى كۆپەيتىش يوللىرىنى ئېچىش كېرەك.

② ياشاش شارائىتى كەمچىل رايونلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش كېرەك.

③ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان نامراتلارغا ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

## §5. ئاممىۋى سەھىيە رامكىسى قۇرۇپ خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش

**1. ئېلىمىزنىڭ سەھىيە خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە**

1) ئېلىمىزنىڭ سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى:

① خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز ئۆستى.

② شەھەر- يېزىلارنى قاپلىغان داۋالاش، سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى ئاساسەن ئورنىتىلدى.

③ شەھەر بازار خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋالىنىش- سۇغۇرتا تۈزۈمى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى، يېزىلاردا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمى سىناق نۇقتىسى قانات يايدى.

④ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىشتا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

⑤ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسى تېخىمۇ ئۆستى.

2) سەھىيە خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن كۆچلۈك خىرىس:

① ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس، ئېغىر كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئېغىر.

② تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس.

③ داۋالاش، مۇلازىمەت سىستېمىسى ئاممىنىڭ ساغلاملىق تەلىپىگە ماسلىشالمىدى، كېسەل كۆرسىتىش تەس بولۇش، داۋالاش چىقىمى يۇقىرى بولۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك.

**2. داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى**

① سەھىيە خىزمىتى كەڭ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن بىۋاستە

مۇناسىۋەتلىك.

② سەھىيە ئىشلىرى بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات زىچ باغلانغان.

③ سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

④ ئاممىنىڭ ساغلاملىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم بۇرچى.

**3. سەھىيە ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي پىكىر يولى**

① ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاممىۋى سەھىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

② ئاممىۋى سەھىيە سىستېما قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

③ ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ، جۈملىدىن نۇقتىلىق قىلىپ، ئەيدىز كېسىلى، جىگەر ياللۇغى، تۇبېركۇلوز كېسىلى، قان شورىغۇچى قۇرت كېسەللىكى قاتارلىق ئېغىر كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى ۋە تارقىلىشىنى تىزگىنلەش كېرەك.

④ يېزا سەھىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

⑤ شەھەرلەردىكى داۋالاش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

⑥ دوختۇرخانىلارنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، داۋالاش مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

⑦ سەھىيە كەسپىي ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى قاتتىق تۈزەش كېرەك.

**4. سەھىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشىغا ۋە قوللىشىغا موھتاج**

## §6. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش.

ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا.

خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى قىلىش خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئومۇمىي فاڭجېن.

ئۇنۇم ۋە ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئىجتىمائىي ئادىللىقنى قوغداش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولسا. نۆۋەتتە خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى گەۋدىلىك ۋەزىپە.

نۆۋەتتە كىرىم تەقسىماتىدىكى ئاساسلىق مەسىلە بولسا غەيرىي كىرىم گەۋدىلىك، كاپالەتلىك كىرىم ئەمەلىيلەشمىدى، قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم پەرقى زورايدى، ناچار ئاقىۋەت كۆنسېرى گەۋدىلەندى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى بولسا، ئۇنۇمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادىللىقنىڭ سالمىقىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش، ئادىللىققا تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك.

نىسپىي تەڭپۇڭ بولغان، مەنپەئەت تەقسىمات ۋەزىيىتىنى، مۇۋاپىق بولغان جەمئىيەت ئەزالىرى قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمىنى تۈرغۇزۇش بولسا، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۈزاققىچە ئۇنۇملۇك مېخانىزم.

## بۇ بابتىكى مەشىق سوئاللىرى

**I بىرلا جاۋابنى تاللاش سوئالى**

1. «11- بەش يىللىق» پىلاننى تۈزۈش توغرىسىدىكى «تەكلىپ»نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى (   ).

A. ئىناق جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئاساسىي تېما گەۋدىلەندۇرۇلگەن

B. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇلغان

C. مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش تەكىتلەنگەن

D. ئادەمنى ئاساس قىلىش تەكىتلەنگەن

2. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ماھىيىتى ياكى باش تەلىپى بولسا (   ).

A. ئادەمنى ئاساس قىلىش

B. ھەم تېز، ھەم ياخشى تەرەققىياتقا ئېرىشىش

C. ئىلمىي تەرەققىيات

D. ياخشى تەرەققىيات

3. «11- بەش يىللىق» پىلاننىڭ تۈپ مەقسىتى بولسا ئادەمنى ئاساس قىلىش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش (   ).

A. ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش

B. ئورتاق بېيىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش

C. خەلقنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش

D. ئورتاق بېيىشنىڭ ماددىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش

4. «11- بەش يىللىق» پىلاننىڭ ئەڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسى بولسا (   ).

A. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى   B. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى

C. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش    D. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى

5. «11 - بەش يىللىق» پىلانىنىڭ مەزمۇنى بولسا ( ).

A. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش    B. مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش

C. يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش    D. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش

6. يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولسا ( ).

A. كارخانىلارنىڭ تىجارەت مېخانىزمى

B. مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش

C. بازار مېخانىزمىنى كۈچەيتىش

D. ھۆكۈمەتنىڭ تەڭشەش - تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىش

7. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ پرىنسىپى بولسا ( ).

A. ماددىنى ئاساس قىلىش    B. ئادەمنى ئاساس قىلىش

C. خەلقنى ئاساس قىلىش    D. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىش

8. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتنى، جۈملىدىن ئالدى بىلەن ( ) نى تەكىتلەيدۇ.

A. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى

B. ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى

C. ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى

D. ئادەم ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى

9. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادروسى بولسا ( ).

A. ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات    B. ماس ھالدىكى تەرەققىيات

C. سىجىل تەرەققىيات    D. ئادەمنى ئاساس قىلىش

10. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولسا ( ).

A. ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات    B. ماس ھالدىكى تەرەققىيات

C. سىجىل تەرەققىيات    D. ئادەمنى ئاساس قىلىش

11. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى بولسا ( ).

A. ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات    B. ماس ھالدىكى تەرەققىيات

C. سىجىل تەرەققىيات    D. ئادەمنى ئاساس قىلىش

12. 16 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندا تۇرغۇزۇلغان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بولسا ( ) قارىشىدۇر.

A. ئومۇمىيۈزلۈك، ماس ھالدىكى، سىجىل تەرەققىيات

B. ماددىي مەدەنىيەتلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتلىكنىڭ ماس تەرەققىياتى

C. ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش

D. ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتنىڭ ماس تەرەققىياتى

13. ئادەمنى ئاساس قىلىش بولسا مەركەزنىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ( ).

A. يېتەكچى ئىدىيىسى    B. ھەرىكەت پروگراممىسى



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com